Research on the Toponomys of Turkstan, Xinjiang, Uyghurstan

# 'تۈركستان' ، 'شىنجاڭ'، 'ئۇيغۇرستان'

# دېگەن ناملار ھەققىدە


قۇربان ۋەلى

Kurban Wali



2017- يىل 3 - ئاي ، ۋاشىنگتون



Wali's Ebook

# مۇندەرىجە:

1- 'تۈركستان' دېگەن نام ھەققىدە........................ 2 - بەتتە

2-'شىنجاڭ' دېگەن نام ھەققىدە........................... 15-بەتتە

3- 'ئۇيغۇرستان' دېگەن نام ھەققىدە.......................23-بەتتە

4- ئاخىرقى سۆز..................................................39-بەتتە

# 'تۈركستان' دېگەن نام ھەققىدە

**تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەن قولىيازما مىلادى 639- يىلى تۇرپاندا يېزىپ ئىمزالانغان سوغدىچە قانۇنىي ھۆججەت. بۇ قولىيازما 1969-يىلى تۇرپان ئاستانا قەدىمقى قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان. قولىيازمىنىڭ چوڭلۇقى 46x28 س م. بۇ ھۆججەتتە 'تۈركستان' دېگەن دۆلەت نامى بار.**



**مىلادى 639-يىلى يېزىلغان بۇ سوغدىچە قانۇنىي ھۆججەتتە، ئۇرخۇن ۋادى-سىدىكى تۈرك قاغانلىقىنىڭ بۈيۈك قاغانى ئىلتەبىر قاغاننىڭ نامى ئۇلۇغلاپ**

تىلغا ئېلىنغان. بۇ سوغدىچە قانۇنىي ھۆججەتنىڭ 5- قۇرىدا 'تۈركستان ' دېگەن نام بار.



بۇ سوغدىچە قولىيازما يېزىپ- ئىمزا لانغاندىن كېيىن تۇرمەللەپ، بۇغۇچلاپ بىر قەدىمقى قەۋرىنىڭ ئىچىگە قويۇپ ساقلانغان. بۇ سوغدىچە ھۆججەتنى بايقىغان ئارخېئولوگ بۇ ھۆججەت بىلەن شۇ قەۋرىدىكى جەسەتنىڭ مۇناسىۋىتى بار– يوق- لىقىنى ئېيتمىغان. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىمۇ بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان. بۇ سوغدىچە قانۇنىي ھۆججەت ھازىر ئۈرۈمچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا، نومۇرى 69TAM135.2.

بۇ سوغدىچە قولىيازمىدا 24 قۇر تېكىست بار . بۇ تېكىستنى ياپونىيە ئوساكا ئۇنى- ۋېرسىتېتىدىن پروفېسسور يوشكايۇتاكا 1988 -يىلى پروفېسسور مورىياسۇتاكائو نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇپ - تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. ئاپتور بۇ ماقالىغا < كۇ خانلىقى دەۋرىدە سوغدىچە يېزىلغان دېدەك سېتىش – ئېلىش توختامى > دەپ مەۋزۇ قويغان . بۇ ماقالا 1989 - يىلى ئوساكا ئۇنىۋېرستىنىڭ بىلىم ئارخىپى ژورنىلىدا ئوساكا ئۇنىۋېرتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى نامىدا ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭدىن 13 يىل ئۆتكەندە، مەن بۇ ماقالىنى ياپونچىدىن ئۇيغۇرچى- لاشتۇردۇم، بۇ نوقۇل ھالدىكى تەرجىمە ئەمەس ئەلۋەتتە. *

* ماقالىنىڭ مەۋزۇسى: 〈**麴氏高昌国時代ソグド**文女奴隷売買文書〉،
ئاپتورلىرى : 森安, 孝夫 ; 吉田, 豊

بۇ ماقالا 1989 -يىلى 3 -ئايدا ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىلىم ئارخىپى ژورنىلىدا نەشر قىلىنغان.
ئىنتېرنېت ئادرېسى: http://hdl.handle.net/1194/18715
بۇ پۇرسەتتە مەزكۇر ماقالىنىڭ ئىنتېرنېت ئۇلىنىشىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرگەن ياپونىيە يوكوخوما تويىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇنشۇناس دوكتور ئاسپىرانتى ئىلھام ماھمۇت ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن!

# تېكىستىنىڭ تەرجىمىسى

تەڭرى ئۇلۇغ ياراتقان ئىلتەبىر قاغان ئالىيلىرىنىڭ - 16 يىلى، يىنسۇ (y'ncyw) يىلنامىسى بۇيىچە بەشىنچى ئاي، سوغدى يىلنامىسى بۇيىچە 12 -ئاينىڭ 27 - كۈنى. چىنانچكاند (Cyn'ncknd) تا سەمەرقەنتلىك ئۇتا نىڭ ئوغلى ياناسېنا ( y'nsy'n ) سەمەرقەنتلىك تۇداكا نىڭ ئوغلى ئۇخۇسفېرتتىن خالايىق ئالدىدا بىر دېدەك سېتىۋالدى. بۇ دېدەك سەمەرقەنتتە تۇغۇلغان تۈركستان (twrkstn) لىق، ئىسمى ئۇپاچ . بۇ دېدەك ئۈچۈن ياناسېنا 120 پېروز دراخماسى(ئىران تىللاسى) تۆلىدى. ياناسېنا بۇ دېدەكنى ئىگىسى ھەرگىز قايتۇرۇپ ئالمايدىغان شەرت بىلەن ئالدى.

بۇ دېدەكنىڭ مال - مۈلكى يوق، قەرزى يوق، ئىز - دېرىكىنى قىلىدىغان ئادىمى يوق. ياناسېنا ( y'nsy'n ) بۇ دېدەكنى بالا - چاقىلىرى ، جەددى - جەمەتى ئۈچۈن ئەبەدىي مۈلۈك قىلىپ سېتىۋالدى . نەخ پۇلغا سېتىلغان بۇ دېدەكنى ياناسېنا ( y'nsy'n ) نىڭ بالا – چاقالىرىنىڭمۇ خۇددى ئاتا - بوۋىسىدىن ، جەددى جەمەتىدىن، ئۇرۇغ- تۇغقانلىرىدىن مىراس قالغان ياكى ئۆز ئۆيىدە تۇغۇلغان

دېدەككە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ھەتتا خارلاش، باغلاپ قويۇش، سېتىش، گۆرۆگە قويۇش ياكى بىركىمگە سوۋغات قىلىپ بىرىۋېتىش ھەققى بار . بۇنىڭدىن كىيىن ئۇپاچ ئىسمىلىك بۇ دېدەككە ئۇخۇسفېرتىنىڭ گېپى ئۆتمەيدۇ، ئۇنىڭ ھوقۇقى ئاخىرلاشتى.

مەزكۇر توختام پادىشا، ۋەزىر، بەگلەر ئالدىدا ، يەرلىشىپ بولغان ياكى ۋاقتىلىق تۇرۇۋاتقان بارلىق ئاھالىيلار ئالدىدا تولۇق ئىناۋەتلىك. قولىدا مەزكۇر ۋەسىقە بار كىشى دېدەك ئۇپاچقا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا مۇداخىلە قىلالمايدۇ.

كېپىل : مايىمارغىلىق چۇزاكانىڭ ئوغلى تىسترىئا . كېپىل : سەمەرقەنتلىك خۇتۇچىنىڭ ئوغلى نامادارا. كېپىل : ناۋاجكەنتلىك كارازانىڭ ئوغلى پىساكا . كېپىل: كۇسانىكا -لىق نانىكوچ نىڭ ئوغلى نىزات.

بۇ ۋەسىقىنى ئۇخۇسفېرتىنىڭ ھاۋالە قىلىشى ۋە ئۇپاچىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن پۈتۈكچى پاتۇرانىڭ ئوغلى ئوخۋانا يېزىپ چىقتى . پۈتۈكچى پاتۇرا تەستىقلىدى .

چىنانچكاند پۈتۈكچىسى پاتۇرا ( نىشان) ، دېدەك ( نىشان ) ، ياناسېنا ( نىشان)

شامان ياناسېنا ( smny y'nsy'n )

# بۇ تېكستتىن مەلۇم بولغان ئۇچۇرلار

(1) تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ سوغدىچە قانۇنىي ھۆججەتتە ئۇرخۇن ۋادىسىدىكى تۈرك قاغانلىقىنىڭ يىلنامىسى بىلەن تۇرپاندىكى كۇ ئۇيغۇر خانلىقى (菊氏高昌)نىڭ يىلنامىسى تەڭ قوللىنىلغان .تۈرك قاغانى ئىلتەبىر قاغانىنىڭ نامى ' تەڭرى

بۇزرۇك ياراتقان قاغان ' دەپ ئۇلۇغلاپ تىلغا ئېلىنغان.

بۇ ھۆججەتتىكى يىلنامىلارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر سوغدىچە ھۆججەت مىلادى 639-يىلى تۇرپاندا يېزىپ ئىمزالانغان. ئۇنىڭ بىر نۇسخىسنى تۇرپان پۈتۈكچىسى پاتۇرا تۈرمەللەپ - بۇغۇچلاپ ئارخىپتا ساقلاشقا باشلىغان.

(2) مىلادى 639 -يىلى تۇرپاندا يېزىلغان بۇ سوغدىچە ھۆججەتتە 'تۈركستان' (twrkstn) دېگەن دۆلەت نامى بار . ئۇنىڭدا يەنە سەمەرقەنت ( smrknd ) ، مايمارغ ( m'ymrg ) ، ناۋاجكەنت ( nwcknd )، كۇسانىكا ( 'kws'nyk ) دېگەن سوغداق( جاۋۇپ) يۇرتلىرىنىڭ نامى ئۇچرايدۇ .

ئىلتەبىر قاغان (مەنىسى: خەلقنى بىرلەشتۈرگەن قاغان) مىلادى 530 -يىلى ئۇرخۇن ۋادىسىكى ئۆتۈكەن تېغىدا تۈرك قاغانلىقىنى قۇرغان كىشى. ئۇ ئالتاي تاغلىرىدا ياشايدىغان تۈركي خەلقلەرنىڭ تۈمەن بېشى ( ئونمىڭ بېشى ) ئىدى. ئۇ قۇرغان تۈرك قاغانلىقى مىلادى 744 -يىلىغىچە داۋام قىلغان. بۇ قاغانلىقنىڭ زىمىن تېرىتورىيىسى سىر - ئامۇ ۋادىسىنى ئۆز ئالغان .ئەينى زاماندا سىر ئامۇ رايونىدىكى سەمەرقەنت، چوبدانا، شاش، كوشانا ... دەپ ئاتالغان توققۇز يۇرتتا ياشايدىغان سوغداقلار ( توققۇز جاۋۇپلار ) ناخشا ئۇسۇل، نەغمە ناۋادا داڭ چىقىرىپ، غەربتىكى رۇمدىن شەرقتىكى تاڭ سۇلالىسىغا قەدەر بولغان دائىرىدىكى ھەر قايسى يۇرتلارغا تاراپ كەتكەن . ئۇلار ئۇزۇن يىللارغىچە باشقا يۇرتلاردا نەغمە- ناۋا قىلىشقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ، پىرقىرىما ، تولغىما ئۇسۇل ئويناپ يۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوقاتقان. شۇڭلاشقا كېيىنكى دەۋرلەردە، ئەسلىدىكى سوغداقلار رايونىدىكى خارەزىم، توخارستان دېگەن ئەللەردە 'سوغداق ' دېگەن نام تىلغا ئېلىنمايدىغان بولغان . تۇرپاندا يېزىلغان بۇ سوغدىچە ھۆججەتتە بايان قىلىنغان 'ئۇپاچ' ئىسىملىك سەمەرقەنتلىك قىزنى شۇ زاماندا ئۆزىنىڭ مىللىي تۇپىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، قوغدىغۇچىسىز قالغان سوغداقلارنىڭ بىرى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

بۇسوغدىچە قانۇنىي ھۆججەتتە، چىنانچكاند ( Cyn'ncknd) دەپ ئاتالغان تۇرپاندىكى خەلقئارا بازاردا مال قاتارىدا سېتىلغان سەمەرقەنتلىك سوغداق دېدەكنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ' تۈركستان ' دەپ كۆرستىلگەن . بۇ پاكىتقا ئاساسەن شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، زامانىمىزدا تارىخشۇناسلار ' تۈرك قاغانلىقى ' دەپ نام قويغان ئۇرخۇن ۋادىسىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ نامى ئەينى زاماندا تۈرك، سوغد تىللىرىدا بىردەكلا 'تۈركستان ' دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

(6) تۇرپاندىن تېپىلغان مەزكۇر سوغدىچە قانۇنىي ھۆججەت مىلادى 639 - يىلى ئىمزالىنىپ بىر يىل ئۆتكەندە، (مىلادى – 640 يىلى) تاڭ سۇلالىسىدىن خوجۇنجى ئىسىملىك خىتاي لەشكەر بېشى باشلاپ كەلگەن باندىتلار كۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان . كۇ خانلىقىدا 22 يۇرت ۋەيران بولغان. تۇرپان خەلقىدىن يەتتە مىڭ يەتتە يۈز ئادەم قىرىپ تاشلانغان. تۇرپان تارىخىدا ئۇچتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ چوڭ ئۆزگۈرۈشتىن كېيىن، بۇ رايوندا تىنچلىق مەۋجۇت بولمىغان.
مەزكۇر سوغدىچە قانۇنىي ھۆججەتتە بايان قىلىنغان كۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا داۋام - لىشىۋاتقان يەرلىك قانۇن - تۈزۈملەر، تۇرپان ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، ئىرانىنىڭ ئالتۇن تىللالىرى بىمالال خەجلىنىدىغان خەلقئارا بازار قايتا مەۋجۇت بولمىغان . شۇ يىللاردا باشلانغان خىتاي پاراكەندىچىلىكى تا مىلادى 785 -يىلى ئۇرخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى خىتاي تىنجاۋۇزچىلىرىنى تۇرپاندىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر داۋام قىلغان.

(7) مەشھۇر سوغدشۇناس پروفېسسور يوشىكا يۇتاكا بىلەن پروفېسسور مورىياسۇ تاكائو نىڭ <كۇ خانلىقى دەۋرىدە سوغدىچە يېزىلغان دېدەك سېتىش – ئېلىش توختامى> ناملىق مەشھۇر ماقالىسى 1989- يىلى 3 - ئايدا ياپونىيە ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىلىم ئارخىپى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سوغدشۇناسلىقتىن قىلچە ساۋادى

بولمىغان خىتاي يازغۇچىلىرى بۇ ماقالىنى قوپاللىق بىلەن بۇرمىلاپ، ياپون مۇتەخەسسىسلىرى تۈزۈپ چىققان 'خىتاي دۆلىتى' دىكى جاڭ فامىلىلىك يەرلىك باينىڭ مىلادى 639 يىلى بىر سوغداق دېدەك سېتىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ماقالا يازدى دەپ كىتاب يېزىپ، ئۇنى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا نەشر قىلىپ تارقاتتى. *

* 张晖 编: <古国 神 韵 > 57页

## دۇنيانىڭ 'تۈركستان' چۈشەنچىسى

'تۈركستان' دېگەن نام ھەققىدىكى غەرب ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن، ئەمما خىتاي، رۇس تارىخچىلىرى ئۆزىنى قاچۇرىدىغان تەبىرلەر تۆۋەندىكىچە : ( بۇ يازما ئۇچۇرلار ئىنتېرنېتتىكى ۋىكى ئىنسكلوپېدىلىرىدە ئۇچرايدۇ)

'تۈركستان' دېگەن نام تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ دۆلىتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ 'تۈرك' (مىللەت نامى) بىلەن 'ستان' (ئەل، دۆلەت، يۇرت، ۋەتەن) دىن ياسالغان تۈركچە سۆزلۈك. بۇ نامدىكى 'ستان' دېگەن سۆز سانسكرىتچە 'ئەجدادلارنىڭ سۆڭىكى كۆمۈلگەن جاي' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان 'ئاستانا' نىڭ قىسقارتىلمىسى، ئۇنىڭ سۆز تومۇرۇ 'ئاس'.

'تۈركستان' دېگەن دۆلەت نامى مىلادى 8- ئەسىردە يېزىلغان ئەرەبچە كىتاب - لاردىمۇ ئۇچرايدۇ، فارسچە، ھىندىچە ئابىدىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەينى زاماندا

'تۈركستان' دېگەن بۇ دۆلەتنىڭ دائىرىسى شەرق تەرىپى دەشت -قىپچاق، غەرب تەرىپى ئوتتۇرا دېڭىز (ئارالچە)نى، جەنۇب تەرىپى تىبەت، كەشمىر، ئافغانىستانلارنى ۋە ئىراننىڭ بىر قىسمىنى ، شىمال تەرىپى سىبىرىيەدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

'تۈركستان' دېگەن نام ئادەتتە يۇقارقى 'بۈيۈك تۈركستان' نى كۆرسىتىدۇ. مىلادى 18-ئەسىردىن كېيىن بولسا، 'غەربي تۈركستان' (رۇسىيە تۈركستانى) ، 'شەرقىي تۈركستان' (چىنى تۈركستان يەنى خىتاي تۈركستانى)، 'جەنۇبىي تۈركستان' (ئافغانىستان تۈركستانى) دېگەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

مىلادى 19 – ئەسىرگە كەلگەندە، ئەسلىدىكى تۈرك ئەنئەنىسى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان 'غەربي تۈركستان'دىكى خىۋە، بۇخارا، قوقەند دېگەن ئۈچ بەگلىكنى چارروسىيە مۇستەملىكە قىلىۋالغان ۋە بۇ مۇستەملىكىنى تەدرىجى كېڭەيتىپ، 'غەربي تۈركستان'نىڭ ھەممىسىنى 'رۇسىيە تۈركستانى' دەپ ئاتاشقا باشلىغان.

'تۈركستان' دېگەن دۆلەت نامىنى ئەڭ بۇرۇن ئالتاي تاغلىرىدا ياشىغان، ئەينى زاماندىكى خىتاي تىلىدا 'تۈركلەر' ( 丁玲،铁勒 )دېگەن خەتلەر بىلەن يېزىلغان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر قوللانغان. تارىخشۇناسلار بۇ دۆلەتنى 'تۈرك قاغانلىقى' دەپ ئاتىغان. بۇ دۆلەت مىلادى 542- يىلىدىن 744 –يىلىغىچە دەۋام قىلغان. مىلادى 8- ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ ئەلنى قۇرغان تۈرك قوۋملىرى قايتىدىن تەشكىللىنىپ، يەنە شۇ ئورخۇن ۋادىسىدا 'ئۇيغۇرستان' (ئۇيغۇر قاغانلىقى) دەپ ئاتىغان. بۇ ئەل مىلادى 744-840- يىللاردا مەۋجۇت. تارىخشۇناسلار بۇ دۆلەتنى 'ئۇيغۇر قاغانلىقى' دەپ ئاتىغان. 'تۈركستان' ۋە 'ئۇيغۇرستان'لارنى قۇرغان قوۋملار كېيىنكى زامانلاردا تۈرك، ئۇيغۇر، ئەزەرى، ئۆزبېك، تۈركمەن، قازاق، تاتار، قىرغىز، باشقىرت، تۇۋا، ياقۇت، يۈگۇر، سالار، چۇۋاش... دەپ ئاتالغان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇرخۇن ۋادىسىدا 'ئۇيغۇرستان' قۇرۇلغان زاماندا، ئابباسىيلار (ئەرەب خەلىپىلىكى) قوشۇنى سىر دەريا ۋادىسىغا بېسىپ كىرگەن. تاڭ سۇلالىسى ئەرەبلەرنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن تالاس (قىرغىزستان دائىرىسىدە ) قا ئەسكەر ئەۋەتكەن. تاڭ ئەسكىرى 751- يىلى يۈز بەرگەن تالاس ئۇرۇشىدا، قارلۇقلارنىڭ ئاbباسىيلار غا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىشى نەتىجىسىدە تەلتۆكۈس يوقىتىلغان.

مىلادى 776- 784- يىللاردا، خۇددى <تۈركى تىللار دىۋانى> ئېيتىلغاندەك، سىر دەريا ۋادىسىدا باش كۆتۈرگەن 'مۇغەننا' يېتەكچىلىكىدىكى تۈرك قوۋملىرى ئەرەب ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايوننىڭ سامانىيلار بىلەن بولغان سودا-مەدەنىيەت ئالاقىسى كۈچەيگەن.

مىلادى 840- يىلى ئۇرخۇن ۋادىسىدا شىددەتلىك جۇت (ئۇزۇنغا سوزۇلغان قار-شۇۋىرغان) يۈز بېرىپ، ئۇيغۇرستاننىڭ (ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ) پۇقرالىرى دۆلەتنىڭ ھەشەمەتلىك شەھەرلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئەسلي يۇرتلىرىغا (تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى ئەسلي تۈركستان بوستانلىقلىرىغا ) قايتىپ كېلىپ، قەشقەر بىلەن بالاساغۇندا قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغان ئۇيغۇرستان ئەۋلاتلىرىدىن ساتۇق بۇغراخان 955- يىلى ئابۇ نەسر سامانى ئارقىلىق ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايوندا دەۋر بۆلگۈچ تارىخي ئۆزگۈرۈش --- ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيتى بارلىققا كەلگەن. تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا تىللىق قەدىمي قوۋملار تۈركلىشىشكە باشلىغان.

مىلادى 1218- يىلى، كورۇلۇن يايلىقىدا باش كۆتۈرگەن چىنگىزخان بىلەن تۇرپان ئىدىقۇت خانى بارچۇقئارت تېكىن ئىتتىپاق تۈزۈپ (ئاتا-باللىق مۇناسىۋەت ئورنۇتۇپ)، قاراخانىيلار دۆلىتىگە تىجاۋۇز قىلغان قاراختايلارنى يوقۇتۇش ئۇرۇشىغا ئاتلانغان.

قارا خىتايلار يوقۇتۇلغاندىن كېيىن، قاراخىتايلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى يۇرتلار بارچۇقئارت تېكىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىنگىزخان ئەۋلادلىرىغا تەۋە بولغان.

18- ئەسىردە، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى مولغوللارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئىسلاملىشىپ (ئۇيغۇرلىشىپ) بولغان، تېخى ئىسلاملاشماي قالغان جوڭغارلار (قالماقلار) ئەسلىدىكى موڭغول ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تىبەتنىڭ لاما دىنىنى قوبۇل قىلىپ، موڭغولىيە يايلاقلىرىدىكى خالقا موڭغۇللىرى بىلەن بىرلىشىش يولىغا ماڭغاندا، 1762- يىلى سەددىچىننىڭ ئىچىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مانجۇ ئىمپېرىيىسى جوڭغارلارنى تارمار قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا كەڭىيىشكە باشلىغان.

1871- يىلى، چاررۇسىيە ئىلى ۋادىسىنى بېسىۋالغان. بۇ ۋاقىتتا غەربىي تۈركىستاندا كۆچ توپلاۋاتقان ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىدىن ياقۇببەگ شەرقىي تۈركىستانغا قوشۇن باشلاپ كەلگەن. 1864- يىلى كۇچاردا راشىدىن خوجا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ياقۇببەگكە ماسلاشقان.

1877- يىلى 5- ئايدا، مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ خىتاي قوشۇنى ( زوزوڭتاڭ قوشۇنى) ياقۇببەگنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، 1884- يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆلكە تەسىس قىلىغان.

1914- يىلى، چاررۇسىيە 1- دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەن -دە، دۆلەت ئىچىدە پارتلىغان كوممۇنىزم ئىنقىلابىدا ( 1917- يىلى) گۇمران بولغان. 912- يىلى، ياپونىيىدە ھەربىي تەلىم ئالغان سۇنجوڭسەن ئەپەندى مانجۇ ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرغان. ئۇنىڭ جوڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى 1942- يىلىغىچە

شەرقىي تۈركستاننى مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەمەلدارى شېڭشىسەيدىن ئۆتكۈزۈپ ئالالمىغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى 1920- يىللاردىن باشلاپ شەرقىي تۈركستاندا مانجۇ ئىمپېرىيىسى -دىن ئايرىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېقىندىغان (خۇددى موڭغولىستاندەك) دۆلەت قۇرۇشنى پىلانلاشقا باشلىغان.

1933- يىلى ئالتاي تاغلىرىدا خىتايغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئالتاي قازاقلى -رىنىڭ يېتەكچىسى شەرىپقان مۇستەقىللىق جاكارلىغان. ئۇنى مانجۇ ئىمپېرىيىسى- نىڭ جىنشۇرېن ھۆكۈمىتى تار-مار قىلغان.

قۇمۇلدا 1931-يىلى مانجۇ تىجاۋۇزىغا قارشى پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى خوجانىياز ھاجى قۇلانتاغ رايونىدىكى تۇڭگان مىلتارىست ماجوڭيىڭنى ياردەمگە چاقىرغان ۋە بىرلىكتە غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئاقسۇنى ئىشغال قىلغان.

1933- يىلى 7 - ئايدا ماجوڭيىڭنىڭ شىرىكى ماجەنساڭ قوشۇنى قەشقەر قورغاننى ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋاتقان تۆمۈر ئەلى يېتەكچىلىكىدىكى كۇچار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان.

1933- يىلى 8 - ئايدا خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قىسمى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن.

1933- يىلى 9- ئاينىڭ 8 - كۈنى تۆمۈر ئەلى ماجەنساڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
1933- يىلى11 -ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاتۇشلۇق سابىت داموللام تۇمەن دەرياسى بويىدا 7 مىڭ ئەسكەر، 13 مىڭ پۇقرا قاتناشقان چوڭ مۇراسىمدا **"شەرقى تۈركسان**

**ئىسلام جۇمھۇرىيىتى' قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان.**

1934-يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ماجوڭيىڭ قوشۇنى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە ئۇچتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىغان. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى تۈركىيە، ياپونىيە لەرگە ۋە ئەنگلىيە ھامىلىقىدىكى ھىندىستانغا قاچقان.

1944- يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايلاردا جوڭخۇا مىنگوغا قارشى قوزغىلاڭ ئويۇشتۇرغان. شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 12 –كۈنى ئۆزبېكىستانلىق ئېلىخان تۆرە **'شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى'** قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان.

1945- يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى جوڭخۇا مىنگو بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا مەجبۇرلىغان.

1949- يىلى جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ، قوراللىق دېھقانلىرىنى بۇ رايونغا يەرلەشتۈرۈشكە باشلىغان.

1955- يىلى جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدوڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەزباسارى سەيپىدىن ئەزىزى بۇ رايوندا **'شىنجاڭ** (يېڭى چېگرا) **ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى'** قۇرغان.

2017- يىل 9-ئايدا ۋاشىنگتوندا تەييارلاندى

# 'شىنجاڭ' دېگەن نام ھەققىدە

 

بۇ رەسىمدىكى ئابىدە موڭغۇلكۈرە بازىرىدىن غەربىي شىمال تەرەپ ئاتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇم دېگەن جايدا. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئابىدىنى <گەدەنتاغ ئابىدىسى> (格登山碑) دەپ ئاتايدۇ ۋە بۇنى 'شىنجاڭ ئەزەلدىن خىتاينىڭ زېمىنى' ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى دەيدۇ.

<گەدەنتاغ ئابىدىسى>دە مانجۇچە ، خىتايچە، موڭغۇلچە، تىبەتچە تۆت خىل تېكىست بار. خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئابىدىنى مانجۇ ئىمپىرىيىسى (چىڭ سۇلالىسى) مىلادى 1761-يىلى (چەنلوڭ خاننىڭ 25-يىلى) تىكلىگەن. مانجۇچە ئەسلى تېكىستنى مانجۇ ئىمپىرىيىسى خانى چەنلوڭ ئۆزى يازغان. بۇ ئابىدە 'شىنجاڭ' نىڭ سىمۋولى.

# 'گەدەنتاغ ' نىڭ ئىسمىنى جوڭغارلار قويغان

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ گەدەنتاغ سۇمبەل دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى تىك قىيانىڭ گەدىنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، جوڭغارلار ئۇنى 'گەدەنتاغ' دەپ ئاتىغان. 'گەدەن' دېگەن موڭغۇلچە سۆز ، ئۇنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشمۇ، مەنىسمۇ ئۇيغۇرچە 'گەدەن' دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش.

مانجۇ ئېمپېرىيېسى تارىختىكى خىتاي سۇلالىلىرىنىڭ بىرى ئەمەس، ئۇ، خىتايلارنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى مانجۇ قوۋملىرى قۇرۇپ، سەددىچىنىنىڭ ئىچىدىكى خىتاي قوۋملىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئېمپېرىيە (مىلادى 1644 - 1911 – يىللاردا مەۋجۇت).

<گەدەنتاغ ئابدىسى> نى مانجۇ ئېمپېرىيېسى مىلادى 1761-يىلى جوڭغارلار (چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن تېخىچە مۇسۇلمان بولماي قالغان بىر قىسىم موڭغۇل قەبىلىلىرى، تارىخچىلار بۇ قەبىلىنى ئۇيىراتلار دەپمۇ ئاتايدۇ) نى تار-مار قىلغاندىن كېيىن تىكلىگەن ئابىدە. بۇ ئابىدە ھازىر خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرا بەلگىسى. بۇ چېگرا چارروسىيە بىلەن مانجۇ ئېمپېرىيېسى (چىڭ سۇلالىسى) مىلادى 1864 –يىلى 10 –ئاينىڭ 7 – كۈنى تۈزگەن <روس – چىڭ چېگرا كېلىشىمى> دە بەلگىلەنگەن. بۇ كېلىشىم بويىچە، گەدەنتاغنىڭ غەرب تەرىپى (سۇمبەل دەرياسىنىڭ غەربى) چارروسىيەگە، شەرق تەرىپى مانجۇ ئېمپېرىيېسىگە تەۋە بولغان.

بۇ <گەدەنتاغ ئابىدىسى>نى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 2001- يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەسارە-ئەتىقە تىزىملىكىگە

كىرگۈزگەن ۋە 2008- يىلى بۇ جايدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم-تەربىيە مۇزېيى بىنا قىلىپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى (قوراللىق ختاي كۆچمەنلىرى) نىڭ 76- پولكىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ختاي ئازادلىق ئارمىيىسىمۇ بۇ جايدا چېگرا مۇداپىئە پونكىتى قۇرغان. بۇ جاي ھازىر ختاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى- دىن ساياھەتچى ئەكىلىپ، ئۇلارغا 'شىنجاڭ ئەزەلدىن ختاينىڭ زىمنى' دەپ تەشۋىق قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم-تەربىيە بېرىدىغان جايغا ئايلانغان.

# <گەدەنتاغ ئابدىسى>دىكى ختايچە تېكىستنىڭ تەرجىمىسى

قۇدرەتلىك ئەسكىرىمىز ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر ئۇلۇغ ئېقىن بويىدىكى تىك قىيانىڭ ئۈستىگە جايلاشقان داۋائاچى قورغىنىنى ئىشغال قىلغان. يىگىرمە ئىككى باتۇر قاراڭغۇ كېچىدە قولۋاق بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ باتۇر تىك قىيادىن تاغ ئۈستىگە چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، داۋائاچى قاچقان. ئۇنى ئۇچتۇرپاندىكى خوجا سى دېگەن شەخس تۇتۇۋېلىپ مانجۇ ئېمپىرىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. مانجۇ ئېمپىرىيىسى لەشكەرلىرى داۋائاچىنى باغلاپ بېيجىڭگە ئەكەلگەندە، مانجۇ ئېمپىرىيىسى خانى ئۇنى كەچۈرۈم قىلغان.

بۇرۇنقى زاماندا، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قوروقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرماقچى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى سانغۇن مەھكىمىسى قۇرماقچى بولۇپ، ھەر ئىككىسى قىلالمىغان ئىشنى سۇلالىمىز قىلىپ تارىخ ياراتتى. بۇ تۆھپىنى تۇمەنمىڭ يىل ئەستە تۇتۇش ئۈچۈن گەدەنتاغقا ئابىدە تىكلەندى. بۇ، جوڭغارلارنى گەدەنتاغدا ئۇجۇقتۇرغانلىق ھەققىدىكى ئابىدىدۇر.

چەنلوڭ، 25 –يىل، ياز 5 –ئاي

يۇقارقى <گەدەنتاغ ئابدىسى> دېيىلگەن خىتايچە تېكىستتە 'شىنجاڭ (新疆 يېڭى چېگرا) دېگەن نام يوق. ئۇنىڭدىن باشقا ئوخشىمىغان تىل -يېزىقتىكى تېكىستلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ ھېچقايسىدا 'شىنجاڭ (新疆 يېڭى چېگرا) دېگەن نام يوق.

<گەدەنتاغ ئابدىسى> دە ئېيتىلغان 'داۋئاچى' (达瓦齐) كىم ؟ داۋئاچىنى مانجۇ دۆلىتىگە تۇتۇپ بەرگەن 'خوجا سى' (霍集斯) دېگەن كىم؟ بۇنىڭدىن 250 يىل بۇرۇن مانجۇ ئىمپىرىيىسى جوڭغارىيە خانلىقىنىڭ بىر قورغىنىنى تارتىۋېلىپ ئابىدە تىكلىگەن بۇ گەدەنتاغ 1949 - يىلى قۇرۇلغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى (中国) نىڭ "يېڭى چېگراسى" (شىنجاڭى) بولۇپ قالدۇ ؟

## 'داۋئاچى' (达瓦齐) دېگەن كىم؟

<گەدەنتاغ ئابدىسى> دىكى تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان 'داۋئاچى' (达瓦齐) دېگەن شەخس جوڭغارىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى. جوڭغارىيە خانلىقى دېگەن دۆلەتنى ئويراتلار (ئەينى ۋاقىتتا تېخىچە مۇسۇلمان بولماي قالغان موڭغول قەبىلىلىرى) نىڭ يېتەكچىسى باتۇ قۇنتاجى مىلادى 1635 -يىلى قۇرغان. ئۇنىڭ گەدەنتاغدىكى مۇستەھكەم قورغىنىنى مانجۇ ئىمپېرىيىسى مىلادى 1755 - يىلى ئۇچتۇمتۇت ھوجۇم قىلىپ تارتىۋالغان.

مىلادى 1678 - يىلىغا كەلگەندە، جوڭغارلاردىن تىبەتكە كېلىپ لاما دىنىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋە لاما دىنىنى جوڭغارلارغا كىڭەيتىشكە بەل باغلىغان غالدانىنى تىبەتنىڭ بەشىنچى ئەۋلات دىنىي داھىسى دالاي لاما جوڭغارىيە خانى داپ پەتىۋا چىقارغان.

غالدان تەختكە چىققاندىن كېيىن، <چىنگگىزخان قانۇنى>نى ئىجرا قىلغان موڭغۇل ئەۋلاتلىرى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ئىسلاملىشىپ ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يەكەن خانلىقىنى يوقۇتۇش ، قازاق خانلىقىنى يوقۇتۇش ۋە ئۈرخۇن ۋادىسىدىكى خالقا موڭغۇللىرىنى جوڭغارلارغا قوشۇۋېلىشنى پىلانلاپ ئۇرۇش قوزغىغان. *

* <چىنگگىزخان قانۇنى> موڭغۇلچە جاساق/ياساق دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قانۇننى چىنگگىزخان مىلادى 1206 - يىلى جاكارلىغان. ئۇنىڭدا چىنگگىزخان بىلەن بارچۇقئارت تېكىن ئىمزالىغان موڭغۇل-ئۇيغۇر ئىتتىپاقى قانۇنلاشتۇ-رۇلغا ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ چىنگگىزخان بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خانى بارچۇقئارت تېكىن بىرلەشمە ئارمىيە قۇرۇپ، بىللە ئۇرۇش قىلىپ، قارا خانىيلار دۆلىتىگە تىجاۋۇز قىلغان قارا خىتايلارنى تەلتۆكۈس يوقاتقان. قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ ياۋروپاغىچە بارغان، قارا خىتايلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى ئەلنى مەغلۇپ قىلىپ، ئالەمشۇمۇل تارىخ ياراتقان.

1696 – يىلى، غالدان قوشۇنلىرى تايدۇغا (مانجۇ ئېمپىرىيىسىنىڭ پايتەختى ھازىرقى بېيجىڭگە) ھۇجۇم قوزغاشقا تەييارلانغاندا، مانجۇ ئېمپىرىيىسى جوڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان. بىر نەچچە قېتىملىق جىددى ئۇرۇشتىن كېيىن غالدان مەغلۇپ بولغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى سېۋان ئالابۇتان جوڭغار خانى بولۇپ، مانجۇ ئېمپىرىيىسىگە قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر 1716 – يىلىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان .

مىلادى 1745 -يىلى، ئىلى ۋادىسىدا كۈچ توپلاۋاتقان سېۋان ئالابۇتاننىڭ نەۋرىسى داۋائاچى ئالتاي، چۆچەك ياياقلىرىدىكى ئويراتلارنىڭ يېتەكچىسى ئامۇرسانا (سېۋاننىڭ يەنە بىر نەۋرىسى) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ جوڭغارىيە خانى بولغان.

ئامۇرسانا خالقا موڭغۇللىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن مانجۇ ئېمپىرىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، مىلادى 1755 –يىلى مانجۇ ئېمپىرىيىسىگە تەسلىم بولغان.

1757 –يىلى، مانجۇ ئېمپىرىيىسى جوڭغارىيە خانى داۋائاچى قورغىنىغا ھۇجۇم قوزغىغان. داۋائاچى ئۈچتۇرپانغا قاچقان. مانجۇ ئېمپىرىيىسى داۋائاچى قورغىنىدا نەزەربەنتتە تۇرىۋاتقان ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىسى جاھانگىر خوجا بىلەن بۇرھانىدىن خوجىنى ئازات قىلغان. بۇ ئىككى خوجا گەرچە يەكەن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان جوڭغارىيە خانى غالدانىنى قوللايدىغان ئاپپاق خوجا ئەۋلاتلىرى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككىسى ئاپپاق خوجىنىڭ ئىرادىسىغا ۋارسلىق قىلماي، جوڭغارلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىكەن.

يۇقارقى ئۇچۇرلار ئارقىلىق **داۋائاچى** دېگەن تارىخىي شاخسنىڭ كىملىكى ، مانجۇ ئېمپىرىيىسى نېمە ئۈچۈن مىلادى 1761-يىلى داۋائاچى قورغىنىنى ئىشغال قىلىپ، گەدەنتاغدا ئابىدە تىكلىگەنلىكى ۋە بۇ ئابىدىنىڭ مەزمۇنى نېمە ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك بولدى.

## 'خوجى سى' ( 霍 集斯 ) دېگەن كىم؟

گەدەنتاغ ئابىدىسىكى تېكىستتە ئېيتىلىشىچە، 'خوجى سى' ( 霍 集斯 ) دېگەن مانجۇ ئېمپىرىيىسىنىڭ يىگىرمە ئىككى باتۇرى قاراشغۇ كېچىدە سۇمبەل دەرياسىدا قولۋاق بىلەن كېلىپ، ئۇلاردىن ئۈچ باتۇر تىك قىيانىڭ گەدىنىگە جايلاشقان تاغقا ھۇجۇم قىلغاندا، قورغاننى تاشلاپ قاچقان جوڭغارىيە خانى داۋائاچىنى تۇتۇۋېلىپ چىڭ سۇلالىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئۈچتۇرپان ھاكىمبېگىنىڭ ئىسمى.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، 'خوجى سى' ( 霍 集斯) دېگەن شەخس مىلادى 1710-81 – يىللاردا ئۆتكەن خوجا سىيىت (سىيىت خوجا) . ئۇنىڭ

ئاتىسى ئىدرىس خوجا تۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى بولغان. ئۇ ئۆزى ئۇچنىڭ (ئۇچتۇرپاننىڭ) ھاكىمبېگى بولۇپ، ئۇچتۇرپان دىيارىنى داۋائاچىنىڭ ھاملىقىدىكى يۇرتقا ئايلاندۇرغان. سىيىت خوجا ئۇنىڭدىن بۇرۇن داۋائاچىنىڭ بوۋىسى سېۋان ئالابۇتانغا، غالدان بىلەن ھەمكارلىشىپ يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرغان ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى يۇسۇپ خوجا ھەققىدە "قەشقەردە باتۇرخان دۆلىتى قۇرماقچى بولىۋاتىدۇ" دەپ مەلۇمات يوللاپ ، جوڭغارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئىكەن. سىيىت خوجا بۇ قېتىم مانجۇ چېرىكلىرى جوڭغارلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇچتۇرپانغا قېچىپ كەلگەن قەدىناس دوستى داۋائاچىنى مانجۇ ئېمپىرىيىسىگە تۇتۇپ بەرگەن. *

王力，王希隆 <霍集斯研究> 见于 <兰州大学学报> 2006，7月 第三期 *

聂红萍<周口师范学院学报> 2004年5月

# 'داۋائاچى' بىلەن 'خو جى سى' ئاقىبىتى ئوخشامدۇ؟

<گەدەنتاغ ئابىدىسى>دىكى تېكىستتە ئېيتىلىشىچە، گەدەنتاغدا مۇستەھكەم ھەربىي قورغان قۇرىۋالغان جوڭغارىيە خانى داۋائاچى مانجۇ ئېمپىرىيىسىنىڭ ئۈچ لەشكىرى ھۇجۇمغا ئۆتكەندە قورغاننى تاشلاپ قاچقان. داۋائاچىنى ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى سىيىت خوجا (خو جى سى) مانجۇ ئېمپىرىيىسگە تۇتۇپ بەرگەن. مانجۇ لەشكەرلىرى داۋاچىنى باغلاپ بېيجىڭگە ئەكىلىپ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىدىغان مەيداندا ، چەنلوڭ خان ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئېمپىرىينىڭ جوڭغارلارنى تىنجىتى - دىغان ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىگەن.

مانجۇ ئېمپىرىيىسى 1755 – يىلى داۋائاچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، گەدەنتاغدا قامالغان بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھاننى ئازاد قىلغان.

خوجا جاھان (جاھانگىر خوجا) ئازات قىلىنغاندىن كېيىن ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جوڭغار قەبىلىلىرىنىڭ ئامۇرسانا باشچىلىقىدىكى مانجۇ ئىمپىرىيىسىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ماسلاشقان. مانجۇ لەشكەرلىرى ئىلى ۋادىسىدا قوزغالغان مانجۇ ئىمپىرىيىسىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى باستۇرغان، بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە جوڭغارلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىپ، بۇ زېمىنگە خىلوڭجاڭ ۋادىسىدىن شىبە قەبىلىلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ يەرلەشتۈرگەن.*

*«چىڭ سۇلالىسى تارىخى» ، «چىڭ سۇلالىسىنىڭ جوڭغارلارنى تىنجىتىشى»

مانجۇ لەشكەرلىرى ئىلى ۋادىسىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، 'جوڭغارىيە قالدۇقلىرىنى تازىلاش' دېگەن نام بىلەن تارىم ۋادىسىغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، بۇرھانىدىن خوجىنى قوشۇن بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان. ئۇنىڭدىن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار-نى بوي سۇندۇرۇپ، ئۇلارنى مانجۇ ئىمپىرىيىسىگە باج تاپشۇرىدىغان قىلىش ئۈچۈن پايدىلانماقچى بولغان.

مانجۇ لەشكەرلىرى بۇرھانىدىن خوجىنى ئېلىپ ئۈچتۇرپانغا كەلگەندە، ' سېيىت خوجا (خو جى سى) نىڭ ھاكىمبەگلىكىدىكى ئۈچتۇرپان خەلقى مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئۈچتۇرپان ئەسلىدە جوڭغارلارنى ھىمايە قىلىدىغان قارا تاغلىقلىقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى بۇ يۇرت ئەھلى مانجۇ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە كەلگەن ئاق تاغلىق بۇرھانىدىن خوجىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن. مانجۇ لەشكەرلىرى ئۈچتۇرپان خەلقىنى قىرغىن قىلغان. داۋائاچىنى مانجۇ دۆلىتىگە تۇتۇپ بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەن سېيىت خوجىنىڭمۇ كاللىسىنى ئالغان. *

* نىياز كېرىمى <دىيا رىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە> دېگەن ماقالىسىدا بايان قىلىشىچە، شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئۈچتۇرپاندا ئادەم شالاڭلاپ كەتكەن.

# <گەدەنتاغ ئابىدىسى> بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نېمە مۇناسىبىتى بار؟

1755 – يىلى مانجۇ ئىمپېرىيىسى گەدەنتاغدىكى داۋائاچى قورغىنىنى ئىشغال قىلغان ۋەقە مانجۇ ئىمپېرىيىسى بىلەن جوڭغارىيە خانلىقى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تارىخ. بۇ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە چېتىلىدىغان تارىخ ئەمەس. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، مانجۇلار سەددىچىنىنىڭ ئىچىدە دۆلەت قۇرغان يىللاردا (1644-1911-يىللاردا) ، خىتايلارنىڭ سەددىچىنىنىڭ ئىچىدە دۆلىتى بولمىغان، بەلكى ئۇلار مانجۇلار تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان.

1949 – يىلى قۇرۇلغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەدىپلىرى گەرچە <گەدەنتاغ ئابىدىسى> دىكى تېكىستلەردە 'شىنجاڭ' (يېڭى چېگرا 新疆 ) دېگەن نام بولسىمۇ، يەنىلا مانجۇ ئىمپېرىيىسىنى ئۆزىنىڭ دۆلىتى دەپ ئاتاشتىن، ھەتتا مانجۇ دۆلىتىنىڭ ئوردا ھۆججەتلىرىدە 'شىنجاڭ' (يېڭى چېگرا 新疆 ) دېگەن سۆز پەيدا بولغان دەپ ھېكايە توقۇشتىن ئويات قىلمىغان.

ئامېرىكا تارىخچىسى پروفېسسور جەمس مىلۋارد <ياۋرو -ئاسىيا دوقمۇشى> دېگەن كىتابىدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەدىپلىرى گەدەنتاغنى 'خىتاينىڭ يېڭى چېگراسى' دېگەنلىكى ھەققىدىكى ئوبزورىدا 'خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەلەمكەشلىرى خىتاي ئەسكەرلىرىدىن چەبدەس، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جايلارنى ئۇلار كىتاب يېزىپ ئىشغال قىلىۋالىدۇ ' دەپ كۆرسەتكەن. *

JAMES Milward <Eurasian Crossroads>, p 24 *

(بۇ ماقالە 2012 – يىلى 10 – ئايدا ئىستانبۇلدا يېزىلغان. 2013 – يىلى 10 – ئايدا ۋاشىنگتوندا تولۇقلانغان. 2016- يىلى ۋاشىنگتوندا تەھرىرلەنگەن)

# 'ئۇيغۇرستان' دېگەن نام ھەققىدە

'ئۇيغۇرستان' دېگەن نام ھەققىدە جەمئىيەتتە گەپ جىق، ئەمما يازما ماتېرىيال ئاز. مەن بۇ تېمىنى ئۆزەم 1980- يىللاردىن بۇيان توپلاۋاتقان 'ئۇيغۇرستان' دېگەن نامغا دائىر ئۇچۇرلار ئاساسىدا تەتقىق قىلدىم. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، مىنىڭ بۇ تەتقىقاتىم **'ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى'** دېگەن ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈل -گەن بىر مىس يارماقتىن باشلاندى.

## 'ئۇيغۇرستان' خەتلىك مىس يارماق





بۇ رەسىمدىكى مىس يارماقنىڭ بىر تەرىپىدە ئاچا شەكلىدە تىكلەپ قويۇلغان ئىككى بايراق بار، بايراقنىڭ بىرى ئون ئىككى يۇلتۇزلۇق بايراق، يەنە بىرى ئاي

يۇلتۇزلۇق بايراق، ئۇنىڭدا يەنە 'ئون قىزىل پۇلغا تەڭ' (当红钱十文) دېگەن خىتايچە خەت بار. بۇ مىس يارماقنىڭ يەنە بىر تەرپىدە **"ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى، مىللەت - ى ئىسلامىيە، 1352 ، قەشقەردە سوقۇلدى، ئون داچەن"** دېگەن ئۇيغۇرچە خەت بار.

بۇ مىس يارماق ھەققىدە <شەرقىي تۈركستان يارماقلىرى> دېگەن كىتابتا بېرىلگەن ئىزاھاتتا ئېيتىلىشىچە، بۇ مىس يارماقتىكى ئون ئىككى يۇلتۇزلۇق بايراق قۇلانتاغ رايونىدا (نىڭشادا) باش كۆتۈرگەن تۇڭگان مىللەتچى ماجوڭيىڭنىڭ ئارمىيە بايرىقى. *

* فرانسىيىدە نەشر قىلىنغان <شەرقىي تۈركستان يارماقلىرى> ( كىتاب نومۇرى BSFN 1990-8,907-910 )



مىس يارماقتىكى 12 يۇلتۇز بىلەن ماجوڭيىڭنىڭ بېلىكىدىكى بەلگە ئوخشاش.

‹ئۇيغۇرىستان› خەتلىك بۇ مىس يارماق ھەققىدە يۇقۇرىدىكى بايانلاردىن باشقا ھېچقانداق يازما ئۇچۇرنى ئۇچرىمىدى. بۇ ھەقتە يازما ماتېرىيال ئاز بولغانلىقتىن ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ‹ئۇيغۇرىستان› دېگەن نام ھەققىدىكى سۆز-چۆچەك، مۇنازىرەىلەرنىمۇ، ئۇيغۇرچە تارىخىي رومانلاردا يارىتىلغان ئوبرازلار-بايانلار نىمۇ بۇ سەھىپىگە يىغىپ قويدۇم. بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

## ماجوڭيىڭنى خوجا نىياز ھاجى ياردەمگە چاقىرغان



سەددىچىنىنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ختاي قوۋمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مانجۇ ئېمپې - رىيىسىنىڭ ئۆرۈمچىگە قويغان ختاي ۋەكىلى جىنشۇرېن 1931- يىلى قۇمۇل خانلىقىنىڭ زېمىن ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلايدۇ، قۇمۇلدا بۇنىڭغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرىلىدۇ.

قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى خوجانىياز ھاجى تۇڭگان مىللەتچى ماجۇڭيىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ غەربكە يۈرۈش قىلىدۇ.

خوجانىياز ھاجى تەكلىپ قىلغان تۇڭگان مىللەتچى ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى جوڭخۇا مىنگونىڭ "ۋەتەن ئىنقىلابى ئارمىيىسى 36 - دىۋىزىيە" دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ.



**1932 - يىلى، خوتەندىg مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يېتەكلىچىلىكىدە جىنشۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ ۋە 1933- يىلى 5- ئايدا، خوتەندە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرىلىدۇ.**





1933-يىلى 6 - ئايدا، سابىت داموللام پوسكام، قاغىلىق، يەكەن، قاراقاش، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەشكىللىگەن خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ.



قەشقەرنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان كۇچار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يېتەكچىسى تۆمۈر ئەلى ئوسمان ئالى يېتەكچىلىكىدىكى قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ،

قەشقەر مۆتىۋەرلىرى بىلەن يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەش ھەققىدە مەسلىھەت باشلايدۇ . شۇنداقلا، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى **'ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى'** دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.



**1933-يىلى 7- ئايدا، قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ تۇرىۋاتقان تۆمۈرئەلى قوشۇنلىرى سابىت داموللامنى قورالسىزلاندۇرىدۇ.**

**بۇ چاغدا، ماجوڭيىڭنىڭ شىرىكى قاراشەرلىك ماجەنساڭ باشچىلىقىدىكى تۇڭگان قوشۇنلىرى تۆمۈر ئەلى يېتەكچىلىكىدىكى كۈچار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باش شتابى تۇرغان قەشقەر قوغانىغا ئۇچتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ.**

8 - ئايدا، ماجەنساڭ يېڭىساردىن قەشقەرگە كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقان خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسي قوشۇنى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدۇ ۋە 9- ئاينىڭ 8- كۈنى تۆمۈر ئەلنى قەستلەپ ئۆلتۈردۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە، قەشقەرگە توپلانغان ھەر تەرەپ قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن يەرلىك مۆتىۋەرلەر ئوتتۇرىسىدا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت داۋاملىشىدۇ.

1933- يىلى11 -ئاينىڭ 12 - كۈنى، سابىت داموللام قەشقەر تۈمەن دەرياسى بويىدا 7 مىڭ ئەسكەر، 13 مىڭ پۇقرا قاتناشقان چوڭ مۇراسىمدا **'شەرقى تۈركسان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى'** قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئاقسۇدا تۇرىۋاتقان خوجانىياز ھاجى جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىگە، سابىت داموللام باش مىنىستىرلىكقا تەيىنلىنىدۇ.

يېڭى قۇرۇلغان **شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى** ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىرانلارغا دىپلومات ئەۋەتىدۇ ۋە تۈركىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. جۇمھۇرىيەت پۇلى ۋە زايوم تارقىتىدۇ. جۇمھۇرىيەت پۇقرالىرىغا پاسپورت بېرىشكە باشلايدۇ. قەشقەردە <ئىستىقلال> گېزىتى ۋە <ئەرك> گېزىتى نەشىر قىلىنىدۇ.

يۇقارقى ئۇچۇرلاردىن مەلۇمكى، 1931- يىلدىكى قومۇل قوزغىلىڭىدىن 1933- يىلى قەشقەردە **شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى** قۇرۇلغانغا قەدەر، قەشقەرگە كېلىپ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتقان ھەر تەرەپ قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدا ۋە ئۇلار بىلەن قەشقەرنىڭ يەرلىك مۆتىۋەرلىرى ئوتتۇرىسىدا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەققىدە كۆپ قېتىم مەسلىھەت بولغان. بۇ مەسلىھەتلەردە **'ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى'** قۇرۇش

تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، 'ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى' دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن پۇل (مىس يارماق) تارقىتىلغان. ئەمما ئاخىرقى نەتىجىدە، يېڭى قۇرۇلغان

**ھۆكۈمەتنىڭ نامى 'ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى' بولماي، بەلكى 'شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى' بولغان. ***

*بۇ ھەقتە ئىنتېرنېتتىكى ۋىكى ئېنسىكلوپېدىيىلىرىدە ' خوجا نىياز ھاجى'، 'شېڭشىسەي'، 'ماجوڭيىڭ'، 'شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى'، 'خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى' دېگەن تېمىلار بۇيىچە تەپسىلىي بايانلار بار.

**1934-يىلى 2 -ئاينىڭ 6 - كۈنى، تۇڭگان مىللەتچى ماجوڭيىڭ ئۆزىنىڭ ماجەنسالىق، مافۇيۈەن قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە ئۇچتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغايدۇ. سابىت داموللام يېڭىسارغا قاچىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئەركەشتامغا قاچىدۇ.**

**خوجانىياز ھاجى ئەركەشتامدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ شىنجاڭ (يېڭى چېگرا) ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى (شېڭشىسەينىڭ مۇئاۋىنى) بولۇشقا ماقۇل بولۇپ، شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقى ئېلان قىلىدۇ.**

**سابىت داموللام يېڭىساردا ئالاھىدە يىغىن چاقىرىپ، خوجانىياز ھاجىنىڭ شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى رەت قىلىدۇ.**

**1934-يىلى 4 - ئايدا، سابىت داموللام خوجانىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىلىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.**

**1934-يىلى 6- ئايدا، ماجوڭيىڭ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كەشمىرگە قاچىدۇ.**

**1934-يىلى 7 - ئايدا، ماجوڭيىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى بىرلىكتە بايانات**

ئىلان قىلىپ، شېڭسسەينى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇماشتىسى دەپ جاكارلايدۇ.

8 -ئايدا، شېڭسسەي قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، ماجوڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. ماجوڭيىڭ بۇ كېلىشىمدە، 'گومىنداڭنىڭ 36 - دىۋىزىيىسى' دېگەن ئارمىيە نامىنى قوللىنىدۇ . بۇ كېلىشىمدىن كېيىن ماجوڭيىڭ 200 ئادىمىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ كوممۇنىزم كۇرسىغا قاتنىشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا غايىپ بولىدۇ.




بۇ رەسىمدىن قارىغاندا، 1935-يىلى قەشقەردە يەنىلا "جەنۇبىي ئۇيغۇرستان

**يىپەكچىلىك-سانائەت شىركىتى" دېگەن شىركەت ۋە ئۇنىڭ تىجارىتى مەۋجۇت.**

رەسىمدىكى خەتلەر:

ئىپەكچىلىك 蚕桑事业 (IIIe EKOBO, IETBO ؟) (پىلە قۇرۇتى، ئۈجمە دەرىخىنىڭ رەسمى)
ئىپەك قۇرتلارنى تەربىيە قىلىۋ – ئۈجمە-تۇت ى دەرەختلارنى ئۆستۈرۈ ھەققىدە رەھبەرنامە
Rearing of Silkworms

نەشرى: جەنۇبىي ئۇيغۇرستاندا يارۇچى- يۈسىف مەزفۇر
ئىپەكچىلىك مەركىزى: 喀什股份公司
كاشغەر تىجارەت ۋە سانائەت شىركىتى

---

منگۇي 24- ، مىلادى 1935-يىلى *

*بۇ رەسىمنى مەھەممەتتۇرسۇن زۇنۇن ئەپەندى توپلىغان، ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئەپەندى 2017-يىلى 4- نۇيابىر كۈنى فايىسبۇك (چىرايىنامە) تا ئېلان قىلغان.

# '51-يىل مەجلىسى'نىڭ تەشەببۇسى
# ئۇيغۇرستان قۇرۇش

جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتى 1951 – يىلى، سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇمبەگ خوجىدىن 'شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇش' توغرىسىدا پىكىر يوللاشنى

تەلەپ قىلىدۇ. غۇلجىدا تۇرۇۋاتقان قېيۇمبەگ خوجا ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ياسىن خودابەردى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، 51-يىل 3- ئاينىڭ 4- كۈنى مەجلىس ئېچىپ، 'مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇش' توغرىسىدا زىيالىيلاردىن پىكىر ئالىدۇ ۋە مەجلىس خاتىرىسىنى ئەينەن يوللايدۇ.

'51-يىل مەجلىسى' دە 12 ماددىلىق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ پىكىرلەر ئاساسەن: 'قۇرۇلىدىغان مىللىي ئاپتونومىيە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئاپتونوم رېسپوبلىكىسى بولۇشى كېرەك' ؛ 'بۇ ئاپتونوم رېسپوبلىكا ئۆز دائىرىسىدە تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇشى ۋە مىللىي تىل –يېزىقنى قوللىنىشى كېرەك؛ 'بۇ ئاپتونوم رېسپوبلىكا تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ دائىرىسىنى ئاپتونوم رېسپوبلىكىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ' ؛ 'ئاپتونوم رېسپوبلىكىنىڭ دۆلەت بايرىقى، بەلگىسى بولۇشى كېرەك؛ 'ئاپتونوم رېسپوبلىكىنىڭ دىپلوماتىيە، ھەربىي ئىشلىرى مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولۇشى، ئەمما ئاپتونوم رېسپوبلىكىدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە يەرلىك خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئاساس قىلىشى ۋە يەرلىك خەلقتىن ئامانلىق ساقلاش قوشۇنى تەشكىللىنىشى كېرەك'؛ 'ئاپتونوم رېسپوبلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپوبلىكىلار بىلەن بىۋاستە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك' ؛ 'ئاپتونوم رېسپوبلىكىنىڭ نامى <تۈركستان> ياكى <تيانشان> بولۇشى كېرەك' ... دېگەن مەزمۇنلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

'51 – يىل مەجلىسى' نىڭ خاتىرىسى مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، مەركىزى كومىتېت شىنجاڭ شۆبىسى 51-يىلى 3- ئاينىڭ 13-كۈنى يىغىن ئېچىپ قاراپ چىققان.

يىغىندا شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان خىتاي ئارمىيە قوماندانى ۋاڭجېن ئەپەندى '51-يىل مەجلىسى' دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي دائىرىلىرى بۇ '51- يىل مەجلىسى' نى '51 چىلەر ھەرىكىتى' دەپ ئاتاپ كەلمەكتە .*

http://www.rfa.org/uyghur/mulahize/talash-tartish-10242012145954.html

# ئاخىرقى سۆز

**'تۈركىستان' دېگەن دۆلەت نامى مىلادى 639- يىلى تۇرپاندا يېزىلغان بىر سوغدىچە ھۆججەتتىن تېپىلدى. ***

* سوغدىچە قولىيازمىدا ، ئورخۇن ۋادىسىدىكى تۈرك قاغانى ئىلتەبىر قاغانىنىڭ يىلنامىسى بىلەن تۇرپاندىكى كۇ ئۇيغۇر خانلىقى ( 菊氏高昌 ) نىڭ يىلنامىسى تەڭ قوللىنىلغان . ئىلتەبىر قاغان ' تەڭرى بۇزرۇك ياراتقان قاغان ' دەپ ئۇلۇغلاپ ئاتالغان . بىر سوغداق قىزنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى 'سەمەرقەنتتە تۇغۇلغان تۈركىستانلىق' دەپ بايان قىلىنغان. 'تۈركىستان' دېگەن نام قاراخانىيلار دۆلىتىدە مىلادى 11 — ئەسىردە يېزىلغان <قۇدادغۇ بىلىك> ، <دىۋان لۇغەت تۈركىي> دىمۇ ئۇچرايدۇ. مىلادى 1800 —يىللاردا چارروسىيە بېسىۋالغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر زېمىنىنى 'روسىيە تۈركىستانى' دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلار 1933- يىلى قەشقەردە ، 1944- يىلى غۇلجىدا قۇران (ئەسلىگە كەلتۈرگەن دۆلەت نامىنى 'شەرقىي تۈركىستان ، دەپ ئاتىغان.

**'شىنجاڭ'** (新疆 يېڭى چېگرا)' **دېگەن نامنى خىتاي يازغۇچىلىرى <گەدەنتاغ ئابىدىسى>**

## دىن باشلىنىدۇ دەيدۇ، ئەمما ئۇ ئابىدىدە 'شىنجاڭ' '(新疆 يېڭى چېگرا) دېگەن يوق، ئۇنىڭدىن باشقا يازما ھۆججەت ياكى ئارخىپ ئاساسمۇ يوق.*

*ختاي تارىخچىلىرى مىلادى 1755 – يىلى مانجۇ دۆلىتى موڭغولكۆرەدە تىكلىگەن <گەدەنتاغ ئابىدىسى> نى 'شىنجاڭ (新疆 يېڭى چېگرا) ئەزەلدىن ختاينىڭ زىمىنى' ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى دەيدۇ ، ئەمما بۇ ئابىدىدە ئۇنداق سۆز يوق. مۇبادا 'شىنجاڭ' دېگەن نامنى قوللۇنۇش ھەققىدە مانجۇ خانغا يوللانغان تەشەببۇس ياكى تەستىق بولسا ، ختاي تارىخچىلىرى ئۇنى ئاللىقاچان كۆتۈرۈپ چىققان بولاتتى.

## 'ئۇيغۇرستان' قۇرۇش ھەققىدە 1930 يىللاردا قەشقەردە مەسلىھەت بولغان، ئەمما بۇنداق دۆلەت قۇرۇلمىغان.*

*ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا ، 1933-يىلى قەشقەردە 'ئۇيغۇرستان' خەتلىك مىس يارماق تارقىتىلغان ، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان كۈچار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يېتەكچىسى تۆمۈر ئەلى قاتارلىق كىشىلەر تەشكىللىمەكچى بولغان يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى 'ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتى' دەپ ئاتاش تەشەببۇسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمما 1933- يىلى11 -ئاينىڭ 12 - كۈنى ، سابىت داموللام قەشقەر تۈمەن دەرياسى بويىدا 7 مىڭ ئەسكەر ، 13 مىڭ پۇقرا قاتناشقان چوڭ مۇراسىمدا 'شەرقى تۈركسان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى' قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان ، بۇ ، ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە. كېيىن ، '1951-يىل مەجلىسى'دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان 'ئۇيغۇرستان رېسپوبلىكىسى' قۇرۇش تەشەببۇسىمۇ ختاي مەركىزى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ ئەمەلگە ئاشمىغان.

**(بۇ ماقالە 201 3 – يىلى-11 ئايدا ۋاشىنگتوندا يېزىلغان. 2017 – يىلى 5-ئايدا ۋاشىنگتوندا تولۇقلانغان. 2018- يىلى 1- ئايدا ۋاشىنگتوندا تەھرىرلەنگەن)**

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمەھالى

**ئاپتور:** قۇربان ۋەلى، مۇستەقىل تەتقىقاتچى

2012 - يىلى ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدىن ئارامغا چىققان

**تەتقىقات دائىرىسى:**

ھىندى- ياۋروپا، خىتاي، تۈركىي تىل - مەدەنىيەتلىرى بويىچە سېلىشتۇرما تەتقىقات

**كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى:**

✪1979 - 82 - يىللاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرستىتى سانسكرىت كەسپى

✪1972 - 75 - يىللاردا شىئەن غەربىي-شىمال ئۇنىۋېرستىتى ئارخېئولوگىيە كەسپى، شىئەن، يەنئەن، دۇنخۇاڭ، تۇرپان، مىرەنلەردە پراكتىكا كۆرگەن.

**ئەسەرلىرى:**

✪<بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز> 1986 –يىلى، ئۈرۈمچى

✪<قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى>1987-يىلى،ئۈرۈمچى

✪<قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى> 1989- يىلى، ئۈرۈمچى

✪ <ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا> (2001-يىل 14-ماي قەشقەردە كۆيدۈرۈلگەن)

**خىتاي ھۆكۈمىتى بەرگەن 'نام- ئۇنۋان' :**

✪1988 <شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس>

✪ <شىنجاڭدىكى قەدىمقى يېزىقلارنىڭ سىرىنى ئاچقان كىشى> (خەلق گېزىتى 87-1-23)

✪1986 <شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۆھپىدار پەن - تېخنىكا خادىم> ...

**خىزمەت تەجرىبىسى:**

✪ 1998-2012-يىللاردا ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا مۇخبىر

✪ 1986-1992-يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمقى ئەسەرلەر رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزاسى، ئىشخانا مۇدىرى، باش تەھرىر ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىتىدا ئاسپىرانت يېتەكچىسى

✪1975-1986-يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ئارخېئولوگ

✪1962-1972-يىللاردا بايىغۇلىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتتە تەرجىمان

**يۇرتى:** چەرچەن، 1946-يىلى12-ئاينىڭ 25-كۈنى كارۋان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.